# رەئىس شى جىنپىڭ سىن شەكلى ئارقىلىق ياۋروپا كېڭىشىنىڭ رەئىسى، ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ رەئىسى بىلەن كۆرۈشىدۇ

(بېشى 1 - بەتتە)

6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان 22 - قېتىملىق جۇڭگو — ياۋروپا ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشى جۇڭگو تەرەپ رەھبەرلىرىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك ياۋروپا ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بىلەن تۇنجى قېتىم رەسمىي ئۇچرىشىشى بولۇپ، جۇڭگو تەرەپ ياۋروپا تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، مۇشۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتا ئىجابىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى، «كېيىنكى يۇقۇم» دەۋرىدىكى جۇڭگو - ياۋروپا مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى سەپەرگە ئاتلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

جاۋ لىجيەن قەرەللىك مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ئالاقىدار سوئاللارغا جاۋاب بەرگەندە مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش مەزگىلىدە، رەئىس شى جىنپىڭ سىن شەكلى ئارقىلىق ياۋروپا كېڭىشىنىڭ رەئىسى مىچېل، ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋوندېرلېيېن بىلەن كۆرۈشىدۇ. زۇڭلى لى كېچياڭ سىن شەكلى ئارقىلىق مىچېل، ۋوندېرلېيېن بىلەن بىرلىكتە ئۇچرىشىشقا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

جاۋ لىجيەن مۇنداق دېدى: بۇ يىل جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 45 يىللىقى. بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش جۇڭگو تەرەپ رەھبەرلىرىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك ياۋروپا ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بىلەن تۇنجى قېتىم رەسمىي ئۇچرىشىشى. جۇڭگو تەرەپ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، ياۋروپا تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتا ئىجابىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو بىلەن ياۋروپانىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىساد - سودا سېلىنمىسى، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش، كىلىمات ئۆزگىرىشى، پەن - تېخنىكىدا يېشىللىق يارىتىش قاتارلىق ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلقئارا، رايون قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىدە سىياسەتنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كۆپ تەرەپچىلىكنى ئورتاق قوغداپ، قول تۇتۇشۇپ يەرشارىۋى خىرىسقا تاقابىل تۇرۇپ، «كېيىنكى يۇقۇم» دەۋرىدىكى جۇڭگو - ياۋروپا مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى سەپەرگە ئاتلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، دۇنيا تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش، يەرشارى ئىقتىسادىنىڭ جانلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن جۇڭگو - ياۋروپا تۆھپىسىنى قوشۇشنى خالايدۇ.

# شىنجاڭنىڭ زوراۋانلىققا، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەققانىي تەدبىرگە قارا چاپلاشقا يول قويۇلمايدۇ

**شىنخۇا مۇلاھىزىسى**

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لىيۇ بىڭ

ئامېرىكا تەرەپ ئاتالمىش «2020 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتى ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىغا ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلىنغانلىقىدەك، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىدەك پاكىتقا پەرۋا قىلماي، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى بۇرمىلاپ، قارا چاپلىغانلىقى ئۆزىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى ئەسۋابلاشتۇرۇۋېلىشتەك رەزىل نىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. بۇنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاما بەش قولدەك ئېنىق كۆردى، ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇردى.

شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە ھەرگىزمۇ كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. بۆلگۈنچىلىك شىنجاڭدىكى تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ مەنبەسى. ئۇزاقتىن بۇيان، تېررورچى كۈچلەر بىلەن ئەسەبىي كۈچلەر شىنجاڭ تارىخىنى ھە دەپ بۇرمىلاپ، ئويدۇرۇپ، ئۆزگەرتىۋېتىپ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت پەرقىنى كۆپتۈرۈپ، مىللىي ئايرىملىق ۋە ئۆچمەنلىككە قۇترىتىپ، دىنىي ئەسەبىيلىكنى تەرغىب قىلىپ، بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا ھە دەپ داغدۇغا پەيدا قىلدى.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، قانۇن بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش بىلەن بىللە، خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ ياخشىلاش، قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقات - تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىش قاتارلىق بىر قاتار تەدبىرلەر ئارقىلىق، تېررورىزم، ئەسەبىيزم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ياكى جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇۋالدى. 2017 - يىلىدىن بۇيان، شىنجاڭدا ئۈچ يىلغىچە تېررورلۇق ھۇجۇم قىلىش ۋەقەلىرى يۈز بەرمىدى، ئىقتىساد، جەمئىيەت گۈللىنىپ تەرەققىي قىلدى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى مۇقىم، ئىناق بولدى، شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشقا ئائىت بىر قاتار تەدبىرلەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭ قانۇن بويىچە بىر قاتار تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئەڭ زور چەكتە تۈگىتىپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقىنىڭ تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلارنىڭ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرىنىڭ نۇرغۇن بىگۇناھ ئادەمنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمى ۋە كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، بۇ قانۇن لايىھەسىنى جاھىللىق بىلەن ئويدۇرۇپ چىقارغانلىقى ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئەسلا كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقىنى، بەلكى يامان غەرىزى بارلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى»دىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە. 2018 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەمەلدارلىرى، چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى، تاراتقۇ مۇخبىرلىرى ۋە دىنىي تەشكىلاتلار قاتارلىق 70 نەچچە تۈركۈم ئۆمەك، گۇرۇپپا، 90 نەچچە دۆلەتتىكى 1000دىن ئارتۇق ئادەم شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيەدە، زىيارەتتە بولدى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم بولغان، ھەر مىللەت ئاما خاتىرجەم ياشايدىغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىنى كۆرۈپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى بىر قاتار تەدبىرلىرى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى، ناھايىتى ئۈلگە قىلىش قىممىتى بار، دەپ قارىدى.

ئامېرىكا تەرەپنىڭ شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى بۇرمىلىشى، قارا چاپلىشى ۋە ئاساسسىز چەكلىشى، جۇڭگو تەرەپكە يولسىزلارچە جازا قوللىنىشى شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنىڭ دەل شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئاساسىي پاكىتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيەتنى قوغداش ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەيدۇ، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش تارىخىي مۇساپىسىنى توسۇپ قالالمايدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىك تەپەككۇرى، زوراۋانلىق لوگىكىسىنىڭ يەنە بىر دەلىل - ئىسپاتى

## — ئامېرىكىنىڭ «2020 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»گە باھا

□ لى ۋېيجيەن

شۇ جاي ۋاقتى 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئامېرىكا تەرەپ ئاتالمىش «2020 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «قانۇن لايىھەسى» دېيىلىدۇ)نى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋالدى. بۇ بىر ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى» كونا مۇقامنى تەكرارلىغانلىق بولۇپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى ئوچۇق - ئاشكارا دەپسەندە قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، ھەممىلا تەرەپتىن ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى قالايمىقان بېكىتىش، يەرشارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش چوڭ ۋەزىيىتىگە خەۋپ يەتكۈزۈش، زومىگەرلىكنى يۈرگۈزۈشتەك قاراقچى لوگىكىسىنى كۆرسىتىپ بەردى.

### بىرىنچى، ھوقۇق تەۋەلىكىدىن ھالقىپ باشقۇرۇپ، ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى

ئامېرىكىنىڭ ھە دەپ ھوقۇق تەۋەلىكىدىن ھالقىپ باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىش، دۆلەت ئىچكى قانۇنى ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشتەك ئۇزاق مۇددەتلىك رەزىل ئەنئەنىسى بار. «قانۇن لايىھەسى»دە نەقىل كەلتۈرۈلگەن «1998 - يىل خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك قانۇنى» «1947 - يىل دۆلەت خەۋپسىزلىكى قانۇنى» «خەلقئارا جىددىي ئىقتىساد ھوقۇقى قانۇنى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچكى قانۇنىغا تەۋە، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچكى قانۇنىدىن پايدىلىنىپ پۈتۈن يەرشارىدا ھوقۇق تەۋەلىكىدىن ھالقىپ باشقۇرۇشى ئوچۇق - ئاشكارا زومىگەرلىك قىلمىش. ئامېرىكا يەرشارىۋى خاراكتېرلىك چوڭ دۆلەت، بۇ، ئوبيېكتىپ پاكىت. لېكىن، يەرشارىۋى خاراكتېرلىك چوڭ دۆلەت ئۆزىنى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېلىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا خالىغانچە ئارىلاشماسلىقى كېرەك، شۇنداقلا بۇنداق قىلىش ھوقۇقىمۇ يوق. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ نەزىرىدە، ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئامېرىكىنىڭ سىياسىيسىنى پۈتۈن يەرشارى سىياسىيسى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ، ياكى پۈتۈن يەرشارى سىياسىيسىنى ئامېرىكا سىياسىيسى دەپ قاراپ، پۈتۈن يەرشارى مەنپەئەتىنى ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇرلاپ، شۇ ئارقىلىق چوڭ دۆلەت مەسئۇلىيىتى، چوڭ دۆلەت مەسئۇلىيەتچانلىقىنى چوڭ دۆلەتنىڭ ئارىلىشىشى، چوڭ دۆلەتنىڭ زومىگەرلىكىگە ئۆزگەرتسە بولارمىش.

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكە دەرىجىلىك مەمۇرىي رايونى، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتى. شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىشى خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان بىر تەدبىر. بىراق «قانۇن لايىھەسى» شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىنى «قاماش لاگېرى» «قايتا تەربىيە لاگېرى» دەپ بوھتان چاپلىدى. شۇنداق بولۇپلا قالماي، «قانۇن لايىھەسى»دە يەنە: «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا مال ساتىدىغان ياكى مۇلازىمەت قىلىدىغان ئامېرىكا شىركەتلىرى ۋە شەخسلەرگە تەدبىر قوللىنىش كېرەك» ھەم «چەكلەش يۈرگۈزۈش» ۋە «جازالاش» ئۈچۈن، ئامېرىكىدىكى ئالاقىدار ئاپپاراتلارنى ھەر يىلى «دوكلات تاپشۇرۇش»، «شىركەت تىزىملىكى» تۈزۈشكە بۇيرۇش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئامېرىكىنىڭ ئېغىزىدىكى «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇقى» پەقەتلا بىر دەستەك بولۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى ئىقتىساد، سودا ۋە پەن - تېخنىكا ساھەسىدە جۇڭگونى قورشاش، توسۇش. ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىنى شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش بىلەن بىۋاسىتە چېتىۋېلىپ، جۇڭگو شىركەتلىرى، ئاپپاراتلىرى ۋە شەخسلەرگە چەكلەش يۈرگۈزۈش، جازالاش ئۇسۇلى خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپ.

### ئىككىنچى، ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ، كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى قالايمىقان بېكىتتى

كىشىلىك ھوقۇق نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى كۆپ خىللىققا ئىگە، كىشىلىك ھوقۇق ئومۇمىي پرىنسىپىنى جەزمەن ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت ئەھۋالى بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتا دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش كېرەك. بىر دۆلەت تېخىمۇ ياخشى ھالدا كىشىلىك ھوقۇقنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش، كىشىلىك ھوقۇقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، جەزمەن مەۋقەنى ئۆز دۆلىتىنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە قويۇشى كېرەك، كونكرېت دۆلەت ئەھۋالىدىن ئايرىلغان كىشىلىك ھوقۇق نەزەرىيەسى پەقەت قۇرۇق نەزەرىيەدىن ئىبارەت. ئامېرىكا جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا سۆزلىشى، يەرشارىۋى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا سۆزلىشى كېرەك، پاكىتنى بۇرمىلاپ، دەسلەپكى ئاڭلىۋالغان سۆزگە ئاساسلىنىپ جۇڭگو «كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلدى» دەپ ھۆكۈم قىلىش خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئاساسىي مىزانىغا خىلاپ.

قانۇن ئەسلىدە كەسپىي، كەسكىن، توغرا بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن «قانۇن لايىھەسى» «ئاڭلاشلارغا ئاساسلانغاندا» دېگەندەك سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۇڭگونى ئەيىبلىدى، مەسىلەن: «ئاڭلاشلارغا ئاساسلانغاندا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قايتا تەربىيە لاگېرلىرىدا» «باشقا دۆلەتلەردە مەڭگۈ تۇرۇش ھوقۇقىغا ياكى پۇقرالىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن ئۇيغۇرلار، قازاقلارنىڭ دەللىلىشىگە ئاساسلانغاندا»، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەستايىدىل ھەم ئېھتىياتچان قانۇن تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدۇ. ھەقىقىي شىنجاڭ قانداق؟ خەلقئارا، دۆلەت ئىچىدىكى زور تۈركۈمدىكى داڭلىق مۇخبىر، ئالىم ۋە ئەمەلدار قاتارلىق ھەر ساھەدىكى زاتلار شىنجاڭدا نەق مەيداندا تەكشۈرگەندىن كېيىن نۇرغۇن دوكلات ئېلان قىلدى. بۇ دوكلاتلاردا مۇنداق قارالدى: غەربتىكى مەلۇم كۈچلەر شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىنى «قايتا تەربىيە لاگېرى» دەپ ئاتىشى پۈتۈنلەي بوھتان چاپلىغانلىق. ئامېرىكا بۇ نوپۇزلۇق نەق مەيدان تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، توغرىدەك تۇرسىمۇ ئەمەلىيەتتە خاتا بولغان ئېغىزدىكى دېۋالغانلىرىنى قوللىنىشنى تاللىۋالدى، بۇ ئۇنىڭ قانۇننى ئويۇن ئورنىدا كۆرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماي، ئۇنىڭ بىر تەرەپنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا ئىشىنىش، پاكىتنى بۇرمىلاش، كىشىلىك ھوقۇقنى باھانە قىلىپ جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشىغا بوھتان چاپلاشتەك رەزىل نىيىتىنى تېخىمۇ ئاشكارىلىدى.

قىلچە ئادىللىق، ھەققانىيلىقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدىغان ئامېرىكىچە كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمى يەرشارىۋى ئورتاق خەۋپكە ئايلاندى. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچىدىمۇ، ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمى بىرلىككە كەلمىگەن، ئاق تەنلىكلەرگە بىر ئۆلچەم، ئافرىقىلىقلار ئەۋلادىدىن بولغانلارغا بىر ئۆلچەم، يۇقىرى قاتلامدىكىلەرگە بىر ئۆلچەم، تۆۋەن قاتلامدىكىلەرگە بىر ئۆلچەم... خەلقئارادا، ئامېرىكا ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە چوڭايتىشقا قاراپ سىياسىتىنى تەڭشەيدۇ. شۇڭا، ئەگەر ئامېرىكا كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئۆلچىمى بار دېيىلسە، ئۇ بولسىمۇ ئامېرىكا يۇقىرى قاتلام گۇرۇھىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە چوڭايتىشنى ئۆلچەم قىلىدۇ.

### ئۈچىنچى، كەينىگە دەسسەپ تەتۈر ئىش كۆرۈپ، يەرشارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش چوڭ ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى

تېررورلۇق ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقى يەرشارىۋى ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئوخشاشلا تېررورىزمنىڭ خەۋپىگە بىرقەدەر ئېغىر ئۇچرىغان دۆلەتلەر، ئىككىلا دۆلەت غايەت زور بايلىق ۋە كۈچ سەرپ قىلىپ تېررورىزمغا زەربە بەردى. 2016 - يىلىدىن بۇيان، شىنجاڭ بىر قاتار ئۈنۈملۈك بولغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈردى. ھازىرقى شىنجاڭدا، جەمئىيەت مۇقىم بولدى، ئىقتىساد تەرەققىي قىلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولدى، مەدەنىيەت گۈللەندى، دىنلار رايىش بولدى.

ئامېرىكىنىڭ «قانۇن لايىھەسى» شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە توغرا قارىماي، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تىرىشچانلىقىغا ھەممىشە قارا چاپلىدى، بوھتان چاپلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، «قانۇن لايىھەسى» يەنە قانۇنسىز رادىيو ئاڭلىتىشقا ئىلھام بېرىش ئارقىلىق شىنجاڭدىكى تېررورىزم ۋە ئەسەبىي كۈچلەرنى قۇترىتىپ، قوللىدى. ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدىكى قوش ئۆلچىمى شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تىرىشچانلىقىغا بوھتان چاپلاپلا قالماي يەنە تېررورىزمغا يانتاياق بولۇپ يەل بەردى، ئۇنىڭ مەقسىتى جۇڭگوغا ئاۋارىگەرچىلىك تۇغدۇرۇش.

جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى تېررورىزمنىڭ ئەۋج ئېلىشىنى توسۇپ، يەرشارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشقا مۇھىم، زور تۆھپە قوشۇپ، پۈتۈن يەرشارىدىكى ھەققانىي كۈچلەرنىڭ تەرىپلىشىگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو جەنۇبىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە رۇسىيە قاتارلىق ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ساھەسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، يەرشارىۋى ئىدارە قىلىش ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، رايون مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا كاپالەتلىك قىلىپ، ئالاقىدار ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە قوللىشىغا چوڭقۇر ئېرىشتى. ئامېرىكىنىڭ كەينىگە دەسسەپ تەتۈر ئىش كۆرۈشى يەرشارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش چوڭ ۋەزىيىتىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ئوتنى چوقۇم ئۆزگە تۇتاشتۇرۇۋېلىشى مۇمكىن.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقى «قانۇن لايىھەسى»نىڭ كاشىلىسىغا قەتئىي ئۇچرىمايدۇ، ئەكسىچە، تېخىمۇ قەتئىي ھالدا شىنجاڭنى قۇرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

**(ئاپتور: جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسى تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دۇنيا دىن تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى، ماركسىزملىق دىن قاراشى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)**

**(6 - ئاينىڭ 19 - كۈندىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

2019 - يىلى 5 - ئايدا، ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق، سۇ ئېلىش، سۇ يەتكۈزۈش، سۇ بىلەن تەمىنلەش - تەقسىملەشتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ بازار - يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىدا رەسمىي ئىش باشلىنىپ، پۈتۈن پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى 460 مىڭ نوپۇس ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پەيزاۋات باش مەيدانىدىكى 16 مىڭ كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مەقسەت قىلىندى. 1 مىليارد 749 مىليون يۈەن ئومۇمىي سېلىنما بۇ قۇرۇلۇشنى ئەينى چاغدا دۆلەت ئىچىدىكى يەككە سېلىنما سوممىسى ئەڭ زور ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشى تۈرىگە ئايلاندۇردى.

100 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مۇزتاغ چوققىسىدىكى قار - مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان دولقۇنلۇق گەز دەرياسىنىڭ سۇ سۈپىتى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، سۇ ئېلىش قۇرۇلۇشى شۇ يەردىن باشلاندى، تازىلانغان سۇ 1827 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى غول ۋە تارماق تۇرۇبا لىنىيەسى ئارقىلىق پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈلدى.

4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، باش سۇ زاۋۇتىنىڭ ئۆلچەمگە يەتكەن سۈيى تۇرۇبا يولىغا قويۇپ بېرىلىشكە باشلىدى؛ 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، پۈتۈن ناھىيەدىكى 12 يېزا - بازار ۋە پەيزاۋات باش مەيدانىنى كەينى - كەينىدىن سىناق تەرىقىسىدە سۇ بىلەن تەمىنلەش باشلاندى؛ 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ ئىچىدىغان سۇ ئۆلچىمىگە يەتكەن تاتلىق سۈزۈك سۇ فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىپ، تەبىئىي چۈشۈش پەرقى پەيدا قىلغان زور بېسىم بىلەن پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى 100 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلىلىكنىڭ ئۆيلىرىگە قاراپ ئاقتى.

پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى شادلىققا چۆمگەن ئاما ئارىسىدا، 15 مىڭ 300 نامرات نوپۇس بولۇپ، ئۇلار شىنجاڭدىكى ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسى ئەڭ ئاخىرىدا ھەل قىلىنغان كىشىلەر توپى.

2020 - يىلى 6 - ئايدا، شىنجاڭ نامرات نوپۇسنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىنى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇردى، 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان بۇ تۇپراقتا، سۇ توغرىسىدا يېپيېڭى بىر ئەسلىمە باشلاندى!